# ئادام سىمىس ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە

## ــ ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش» ھەققىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈش كېرەك

□ جۇڭ شېڭ

«ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى ئەڭ زور ئىلگىرىلەش، شۇنداقلا ئەمگەكتىن پايدىلانغاندا ئىپادىلەنگەن تېخىمۇ زور پىششىقلىق، تېخنىكىلىق ماھارەت ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىش تەقسىماتىنىڭ مەھسۇلى.» «ھازىرقى زامان ئىقتىساد ئىلمى ئاتىسى» ئادام سىمىسنىڭ «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيەسى»نىڭ مۇقەددىمىسىدە «ئىش تەقسىماتى»غا بەرگەن بۇ تەبىرى سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيانقى دۇنيا ئىقتىساد ئىلمىگە ئۇل سالغان. خۇددى ئامېرىكىدىكى بەزى داڭلىق ئالىملار ئېيتقاندەك، ئەگەر ئامېرىكىنىڭ تەرەققىياتى بىر مۆجىزە دېيىلسە، ئۇنداقتا مۆجىزە مەنبەلىرىنىڭ بىرى دەل مۇشۇ داڭلىق ئەسەردۇر.

ئەركىن بازارغا بولغان ئىنتىلىش ئامېرىكىنى يەر شارىۋى چوڭ بازار، خەلقئارا چوڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىي مۇساپىسىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكۈزدى؛ ئادىل رىقابەتلىشىشتە چىڭ تۇرۇش ئەزەلدىنلا ئامېرىكا پەخىرلىنىدىغان قىممەت كوردىناتى بولۇپ كەلگەن. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار ئۆزىنىڭ كەلگەن يولىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىدۇ ياكى قايسى يولنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ توغرا يولى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى دەپ ھېچنېمىگە قارىماي باشقىلارنىڭ يولىنى توسماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. بازاردىن ئىبارەت بۇ «كۆرۈنمەس قول» ۋاشىنگتوننىڭ ئاشۇ بىر جۈپ «زومىگەر قول»ى تەرىپىدىن چۈشەپ قويۇلۇۋاتىدۇ.

ئادام سىمىس مىخ ياساش ئىشچىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىش تەقسىماتىنىڭ ئەھمىيىتىنى دەلىللىگەن، لېكىن ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلار قولىغا بولقىنى ئالسىلا ھەممە نەرسە كۆزىگە مىخ بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئامېرىكا تەرەپ ئاخبارات ئەمەلدارلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭگودا تىجارەت قىلىشتىكى بەزى يوقىلاڭ خەۋپ ـ خەتەرلەرنى توقۇپ چىقاردى، ئامېرىكا ھۆكۈمەت تارماقلىرى «دۆلەت خەۋپسىزلىكى» نامىدا جۇڭگو كارخانىلىرىنى قورشاپ توستى، ھەتتا ھەر تەرەپتىن ئىتتىپاقداشلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ، جۇڭگو كارخانىلىرىنى چەكلەشكە ئۇرۇندى... ئېچىۋېتىش ئەركىنلىكى ئىدىيەسى يوق بولدى، ئادىل رىقابەتلىشىش قىممىتى مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى، ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسەتۋازلارنىڭ تۈرلۈك غەلىتە قىلىقلىرى ئۆزى ماختاپ ئۇچۇرغان «ئادىل رىقابەتلىشىشنىڭ قوغدىغۇچىسى»لىق ئوبرازىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ۋەيران قىلدى. ھەتتا بەزى ئامېرىكا تاراتقۇلىرىمۇ بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىدى. ئامېرىكا دۆلەت كاتىپى پومپېئونىڭ «ئۇچۇرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە تاپشۇرۇپ بەرسىلا خەۋپ ـ خەتەر شەكىللىنىدۇ» دېگەن بىمەنە سۆزىگە قارىتا، ئامېرىكا تاراتقۇلىرى ئۆتكۈر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جۇڭگو كارخانىلىرىغا قاراتقان ئاتالمىش «ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ تېخنىكىسىنى ئوغرىلىدى، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىگە چېتىشلىق» دېگەن ئەيىبلەشلىرىنى ئىسپاتلىيالايدىغان ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتەلمىدى. ئەكسىچە، «قىرلىق ئەينەك ۋەقەسى» سەتچىلىكى خېلى بۇرۇنلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ پۇقرالارنىڭ تېلېفونىنى كەڭ كۆلەمدە ئوغرىلىقچە ئاڭلاش قىلمىشىنى دەلىللەپ بەرگەندى.

ۋاشىنگتوننىڭ جۇڭگونىڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق كارخانىلىرىغا «نۇقتا بەلگىلەپ تازىلاش» شەكلىدە بېسىم ئىشلىتىشىمۇ بىر ئەينەك، ئۇ بەزى ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلارنىڭ ساختىپەزلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى: ئاتالمىش سودا ئەركىنلىكى ئۆزىگە ئەركىنلىك بېرىش، باشقىلارغا ماڭىدىغان يول قالدۇرماسلىق؛ ئاتالمىش ئادىل رىقابەتلىشىش ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، شۇلا خالاس. يەككە تەرەپچىلىكنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قوغدىمىچىلىق توقمىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە دەپسەندە قىلىنىۋاتقىنى دەل ئەركىنلىك ۋە ئېچىۋېتىش ئەقىدىسىدۇر.

پۈتۈن يەر شارى كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ئىش تەقسىماتىدىن ئەڭ زور نەپ ئالغۇچى، دۇنيا سودا قائىدىسىنىڭ ئاساسلىق تۈزگۈچىسى، دۆلەت ھالقىغان نۇرغۇن ماگناتلارغا ئىگە بولغۇچىدىن ئىبارەت ئەۋزەل سالاھىيەت بىلەن، ئامېرىكا ئالىبۇرۇنلا ئىقتىسادنى يەر شارىۋىلاشتۇرۇش چوڭ دولقۇنىدا يەتكىچە پايدا ئالدى. لېكىن، ئەركىن بازاردا ئادىل رىقابەتلىشىش پرىنسىپى بەزى ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلار ئۈچۈن ئېيتقاندا يەنىلا «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىدىغان، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلايدىغان» زىننەت بۇيۇمى بولۇپ قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ياپونىيەنى ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان «مەيدان كېلىشىمى»، قانۇن ئىجراسىنى قورال قىلىپ فرانسىيە ئېنېرگىيە شىركىتى ئالستوننى قورشاپ ئۆۋلىغان «ئامېرىكا توزىقى»...نى دەل «ئىلگىرىمۇ بار ئىدى، ھازىر تېخىمۇ كۆپەيدى» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن «نۆل يىغىندىلىق سىنىشىش»قا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئاشۇ سىياسەتۋازلار ئادىل رىقابەتلىشىش بولمىسا، ئامېرىكىنىڭمۇ ساغلام تەرەققىي قىلىدىغان كەلگۈسىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدۇ؟

ئەگەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلسە، بۈگۈنكى ۋەزىيەتنى كۆرسە جەزمەن ئۈمىدسىزلىنىدۇ: بىر دۆلەتنىڭ سىياسىتى نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش تەپەككۇرىنى تۈرتكە قىلسا، پۈتۈن يەر شارىنىڭ كەسىپ ئىش تەقسىماتىغا قاتنىشىش ئاساسى ۋەيران بولىدۇ، ئۇ ئەمدى پۈتۈن يەر شارى تەرتىپىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولالمايدۇ، بەلكى چاتاق تېرىغۇچى، خەۋپ ـ خەتەر تۇغدۇرغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. «جۇڭگو ئۇزاقتىن بۇيان ئادىل بولمىغان سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى» دەپ ئەيىبلەپ، ئاتالمىش «ئادىل، باراۋەر» سودىنى تەلەپ قىلىش ئەقەللىي ئىقتىساد ـ سودا ساۋاتلىرىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشتۇر؛ «ئامېرىكا زىيان تارتقان» قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، «ئامېرىكا ماللىرىنى سېتىۋېلىش، ئامېرىكىلىقلارنى ئىشلىتىش» شوئارىنى توۋلاش پۈتۈن يەر شارى كەسىپ زەنجىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. گىرەلەشمە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا «ئالاقىنى ئۈزۈش»كە ئۇرۇنۇش ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپ سىياسىي ئۆز بېشىمچىلىق، ئامېرىكا دېھقانلىرى بۇنىڭدىن نەپ ئالالماي، بەلكى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئامېرىكا ئىقتىسادى «قايتا تۈرگە» چىقالماستىن، بەلكى چېكىنىپ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئامېرىكىنىڭ كاپىتال بازىرى جۇش ئۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلىمەيلا قالماستىن، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئەۋرىشكىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ...

سودا ئەسلىدە ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈپ، ئۆزئارا پايدا ئالىدىغان قوش پايدا ئېلىش بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز بەزى ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلارنىڭ ئادام سىمىس «ئەخلاق ـ پەزىلەت نەزەرىيەسى»دە ئېيتقاندەك «ھەققانىي، رەھىمدىل، ۋىجدانلىق» بولۇش دەرىجىسىگە يېتىشىدىن ئۈمىد كۈتمەيمىز، لېكىن «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيەسى»دە دېيىلگەندەك «ئەقىل ـ ئىدراكلىق ئىقتىسادچى»غا ئايلىنىش تەس تاللاش ئەمەس. ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، تەڭ پايدا ئالىدىغان بازار تەرتىپى بارغانسېرى ئۆز قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈۋاتىدۇ، ئەڭ چوڭ ئەقىل ـ ئىدراك ئادىل رىقابەتلىشىپ، ھەمكارلىشىپ تەڭ نەپ ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى تونۇپ يېتىشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس جېففېرى ساكس يېقىندا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىلىقلارغا دەرھال ئويغىنىپ، «جۇڭگونىڭ ھەرگىزمۇ (ئامېرىكىنىڭ) ئىقتىسادىي مەسىلە مەنبەسى ئەمەسلىكى»نى ئېتىراپ قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. بۇنداق سادا ھوشىنى تاپالماي يۈرۈۋاتقان ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى ئازراق بولسىمۇ ئويغىتالارمۇ؟

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈر تەلىپى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى قىلىپ ۋە يوليورۇق بېرىپ، تەستىق سېلىپ، پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى، ئاساسلىق ۋەزىپە ۋە ئاساسىي تەلەپلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، پارتىيە ئىچىدىكى نىزام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھەرقايسى جايلار، تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇق، تەلەپلىرىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە بۇرچ ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دىققەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى تۈپ ئاساس قىلىپ، «ئىككىنى قوغداش»قا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈم، مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نىزام بېكىتىش خىزمىتىنىڭ ئىككىنچى بەش يىللىق يىرىك پىلانى (2018 ـ 2022 ـ يىل)»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي نىزام ـ تۈزۈمى، رەھبەرلىك نىزام ـ تۈزۈمى، ئۆز قۇرۇلۇشى نىزام ـ تۈزۈمى ۋە نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش نىزام ـ تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ نىزام ـ تۈزۈملىرىگە ياندىشىدىغان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈم سىستېمىسىنى قەدەممۇقەدەم شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىش كۈچىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇش، دائىم تۇتۇش، ئۇزاققىچە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نىزامغا ھۆرمەت قىلىدىغان، نىزامنى ئۆگىنىدىغان، نىزامغا رىئايە قىلىدىغان، نىزامنى قوللىنىدىغان ياخشى كەيپىياتنى پائال يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرەك بولۇش، كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قوشۇن بەرپا قىلىپ، يېڭى دەۋردە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ خىزمەت ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلاپ، تىرىشىپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپى سارقىت ئاقان باشلىنىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

---

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسىنى ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈشى

بۇ بەلگە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ بىردىنبىر بېكىتىلگەن بەلگىسى.

**بىرىنچى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى**

1. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ھەم باشقا ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
2. تەبرىكلەش پائالىيەت مەيدانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەكلىپنامە، كىنىشكا، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار، يوقلىما ئىمزا خاتىرىسى قاتارلىق بۇيۇملارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.
3. ئاممىۋى خاراكتېرلىك باش تېما تەربىيە پائالىيىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش تاختىسى، بەلگە تاختىسى، رەڭلىك بايراق، چوڭ كۈنلۈك، شەپكە، قول سومكىسى، مەدەنىيەت مايكىسى قاتارلىقلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.
4. ئاخبارات خەۋەرلىرى مەخسۇس تېمىسى، مەخسۇس ئىستونى، مەخسۇس تېمىلىق تور بەت ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرى، تەشۋىقات ۋەرەقىسى، تەشۋىقات لوزۇنكىسى، ئاممىۋى مەنپەئەت ئېلانى، ئېلان ـ تەشۋىقات رەسىملىرى قاتارلىقلارنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.
5. ئاممىنىڭ تاقاپ خاتىرە قالدۇرۇشى ئۈچۈن تەمىنلىنىدىغان تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋاقىتلىق چاپلىمىسى، مەيدە كارتىسى، يەڭ بەلگىسى قاتارلىقلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىككىنچى، ئىشلىتىلىش تەلىپى**

1. تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى ئىشلىتىشتە ئېھتىياتچان، كەسكىن بولۇش كېرەك، خالىغانچە تۈزىتىشكە بولمايدۇ، شەكلىنى ياكى رەڭگىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، چوڭايتىش ياكى كىچىكلىتىش سەۋەبلىك بەلگىنىڭ مۇكەممەللىكىنى بۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ.
2. تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسىنى سودا ئېلانىغا، تاۋار ماركىسى ئىشلەشكە ياكى باشقا ھەرقانداق سودا خاراكتېرلىك ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، شەخسىي تەبرىكلەش ۋە تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.
3. تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسىنى ئېلېمېنت قىلىپ ياسالغان بۇيۇملار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش باش تېمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇشى كېرەك، قالايمىقان ئىشلىتىشكە، قالايمىقان پايدىلىنىشقا بولمايدۇ.
4. تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسىنى ئىشلىتىشتە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ۋاقىت ۋە ئورۇنغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق ئىگىلەپ، ئومۇمىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ھەم قويۇق ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىشقا پايدىلىق بولۇشقا، ھەم ھازىرقى ئادەمىيەت، تەبىئەت مەنزىرىسىنى بۇزۇۋەتمەسلىككە دىققەت قىلىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ مۇھىت قىياپىتى بىلەن ماس بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**ئۈچىنچى، ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش**

1. تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسىدا بولىدۇ.
2. بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى تەبرىكلەش پائالىيەت بەلگىسى تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بەلگىنىڭ سودىدا رويخەتكە ئالدۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، بەلگە ئىشلىتىدىغان بازارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.
3. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەۋەلىكىدىكى ۋە مەسئۇل بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەرنى نازارەت قىلىپ، بەلگىنى تەلەپ بويىچە ئىشلەتمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا قاراتمىلىق تەدبىر قوللىنىپ تۈزىتىشى كېرەك.

**گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى**
2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «تۈرمە شائىرى» خې جىڭپىڭ: بىر ئۆمۈر تۈرمىدە يېتىشقا رازىمەن



خې جىڭپىڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چۇڭچىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر جوۋ ۋېنتاۋ) «ئەۋلادلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتماسلىقى ئۈچۈن، بىز بىر ئۆمۈر تۈرمىدە يېتىشقا رازى...» كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان بۇ ئۆچمەس شېئىرنى ئىنقىلابىي قۇربان خې جىڭپىڭ 1948 ـ يىلى يازدا چۇڭچىڭدىكى جازىدۇڭ جازا لاگېرىدا يازغان. «تۈرمە شائىرى» دەپ ئاتالغان بۇ ئىنقىلابچى تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەھدىت سېلىشى، قورقۇتۇشى ۋە ئازدۇرۇشى ئالدىدا، شېئىر ئارقىلىق ئېنىق ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس كۈرەش ئىرادىسى ۋە ھېچنېمىدىن قورقماس قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادىلىگەن.

خې جىڭپىڭ 1918 ـ يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ باشيەن ناھىيەسى دۇڭچىڭ يېزىسى (ھازىرقى چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ بانەن رايونى مۇدۇڭ بازىرى)دىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1935 ـ يىلى، بېيپىڭدا 9 ـ دېكابىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتى پارتلىغاندىن كېيىن، چۇڭچىڭدىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر خەۋەر تېپىپ پائال ئاۋاز قوشقان، باشيەن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان خې جىڭپىڭ «چۇڭچىڭ ئوقۇغۇچىلار ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بىرلەشمىسى»نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. 1937 ـ يىلى لۇگوچياۋ ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، 19 ياشلىق خې جىڭپىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، چۇڭچىڭ ئاممىۋى ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى» گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.

1938 ـ يىلى چاغان ئۆتۈشكىلا، خې جىڭپىڭ بىر توپ ياش بىلەن بىللە يەنئەنگە بېرىش سەپىرىگە ئاتلانغان، يېرىم يولدا خاتا چۈشىنىش سەۋەبلىك ئۇ شىئەندە قالدۇرۇپ قويۇلغان، كېيىن گومىنداڭ قىسمىغا قاتنىشىپ، سىياسىي باشقارمىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1941 ـ يىلدىكى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن كېيىن، خې جىڭپىڭ گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا ساختا قارشى تۇرۇش، كومپارتىيەگە راست قارشى تۇرۇش ئەپت ـ بەشىرىسىنى يەنىمۇ تونۇپ يەتكەن، ئۇ غەزەپلەنگەن ھالدا قىسىمنى تاشلاپ ئۆيگە قايتىپ، دوستىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن چۇڭچىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى شىركىتىگە كىرىپ خىزمەت قىلغان.

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، چۇڭچىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى شىركىتىدە «خۇ شىخې ۋەقەسى» يۈز بەرگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جەنۇبىي جۇڭگو بيۇروسى رەھبەرلىكىدە ئىشچىلار سىنىپىنى ئاساس قىلغان، پۈتۈن شەھەر بويىچە كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش، دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئاممىۋى ئىنقىلابىي كۈرەشنى قوزغىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلگەن. باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، خې جىڭپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.

1946 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چۇڭچىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغان، خې جىڭپىڭ تەشكىلات ھەيئەتلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. پارتىيە ياچېيكىسى ئاقلار رايونىدىكى خىزمەت فاڭجېنىغا ئاساسەن، شىركەتتە ئاشكارا، قانۇنلۇق بولغان «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق كوپېراتىپى» قۇرۇپ، كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش كۈرىشىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىگەن، ئىتتىپاقلاشتۇرغان، سەپەرۋەر قىلغان.

1948 ـ يىلى ئەتىيازدا، مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇش چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن، خې جىڭپىڭ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىبەنپۇدىكى 2 ـ ئۆلگىلىك تۈرمە، جازىدۇڭ جازا لاگېرى قاتارلىق جايلارغا قامالغان. تۈرمىدە، ئۇ قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنسىمۇ، قەتئىي تىز پۈكمەي، دۈشمەنگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان.

جازىدۇڭدا كامېر سىرتىدىكى كىچىك ھويلىدا «شامالدىتىش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خې جىڭپىڭ تۈرمىداشلىرى بىلەن ھەرقايسى تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى ئۆزئارا يەتكۈزۈشكەن. 1948 ـ يىلى كۈزدە، خې جىڭپىڭ تۈرمىداشلىرى بىلەن بىللە ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، غەلىبە ئالدىدىكى خۇشاللىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولغان. ئۇ تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن، بىر نەچچە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بىر پارچە كىچىك قەغەزگە «ئەۋلادلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتماسلىقى ئۈچۈن» ماۋزۇلۇق شېئىرنى يازغان. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر كامېردىكى جوۋ گۈاڭفۇ، خۇ چۇنپۇ قاتارلىق كىشىلەر شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى «بىر ئۆمۈر تۈرمىدە يېتىشقا رازى» دەپ ئۆزگەرتكەن ھەم ئاھاڭغا سېلىپ، تۈرمىداشلىرى ئارىسىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، كۆپچىلىكنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە زور ئىلھام بەرگەن.

1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جازىدۇڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىنى قوزغىغان. خې جىڭپىڭ جېنىنى تىكىپ تۈرمىدىن قاچماقچى بولغاندا، دۈشمەن تەرىپىدىن كامېردا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئىنقىلابىي غايىگە ئىنتىلىش ئۈچۈن، ئۇ 31 ياشلىق ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ يۇرتى بانەن رايونى مۇدۇڭ بازىرىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت بايلىقىغا تايىنىپ، مۇدۇڭ بازىرى «يېزا مەدەنىيەت ساياھىتى»نىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تەشەببۇس قىلىپ، «مۇدۇڭ مەدەنىيەت ساياھىتى» دېگەن سۈپەتلىك ماركىنى ياراتماقتا. بۇ جاي يەنە ئىنقىلابىي قۇربان خې جىڭپىڭنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىسىنى مەخسۇس تەسىس قىلغان بولۇپ، ھەر تەرەپتىن زىيارەتكە كەلگەنلەرگە قەھرىماننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)